# مۇسا جارۇللاھ



مۇسا جارۇللاھ ( 1875 ـ 1939 ـ يىللار) نىڭ بوۋىسى ئابدۇلكەرىم ھەزرەتلىرى دېۋلىكام ئوغۇللىرىنىڭ جەمەتىدىن بولۇپ، دادىسىنىڭ ئىسمى يارۇللاھ ئىدى، ئۇ ئۇستازى شەيخ ھەبىبۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ قىزى پاتىمە خانىم بىلەن توي قىلغان ئىدى. يارۇللاھ موسكۋا بىلەن روستوف ئوتتۇرىسىدا قاتنايدىغان تۆمۈر يولىدا ھۆددىگەرلىك قىلاتتى ۋە ئائىلىسى بىلەن روستوفدا ياشايتتى. ئورونبورگ قازىسى سىلىمگىراي ھەزرەتلىرى ھەج سەپىرىدە روستوفقا كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغان ۋە ئۇنى روستوف شەھىرىگە ئاخۇنلۇققا تەيىنلىگەن ئىدى. 1870 ـ يىلى تۇغۇلغان چوڭ ئوغلىغا مۇھەممەد زاھىر 1875 ـ يىلى تۇغۇلغان ئوغلىغا بولسا، مۇسا جارۇللاھ دەپ ئىسىم قويىدى. مۇسا روسىيەنىڭ ياۋروپا قىسىمىدىكى دون دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىدىكى ئازاك قەلئەسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان روستوف شەھرىدە دۇنياغا كەلدى. دادىسى 1881 ـ يىلى ۋاپات بولدى.

ئانىسى كىچىك مۇساغا كونا ئۇسۇلدا يېزىلغان كىتابلاردىن مۇھىم بولغان باشلانغۇچ بىلىملىرىنى ئۆگەتكەندىن كېيىن، 11 ياشقا كىرگەن يىلى ئۇنى روستوفتىكى دۆلەتكە قاراشلىق رېئال ئوتتۇرا

مەكتۇپگە ئوقۇشقا بەردى. 13 ياشقا كىرگەن يىلى ئۇنى بۇ مەكتەبتىن چىقىرىپ قازاندىكى كۆل بويى مەدرىسسىگە ـ ئاكىسى زاھىرنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ئەمما مۇسا قازاندىكى مەدرىسىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا كۆنەلمەي، قايتا روستوفقا قايتىپ كەلدى ۋە بۇيەردە يېرىم قالغان ئوقۇشىنى تۈگەتتى.

كېيىنچە بۇخاراغا باردى. بۇ يەردە ئەرەبچە، پارسچە ۋە باشلانغۇچ ئىسلام بىلىملىرىنى ئۆگەندى. بۇخارادا يېڭىلىق تەرەپدارى بولغان داموللا ئىكرام ھەزرەتلىرى بىلەن داموللا ئىۋاز ھەزرەتلىرىدىن فىقھى ۋە پەلسەپە دەرسلىرىنى ئۆگەندى. ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە ئالىمى داموللا شىرىپ ھەزرەتلىرىدىن دەرس ئالدى. ئوكلىد، فىساگور ۋە ئارخېمىتنىڭ ماتىماتىكا نەزىرىيىسىنى، پىلاتون ۋە ئارىستوتىلنىڭ پەلسەپەسىنى ئوقۇدى. دىكارت ۋە باجۇننىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلدى. ماتېماتىكا ساھەسىدە يېزىلغان بەزى رۇسچە كىتابلارنى ئۇستازى مىر شىرىپنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۈركچىگە تەرجىمە قىلدى ۋە ماتېماتىكىغا بولغان قىزىقىشى بارغانسىرى كۈچەيدى.

مۇھتى مۇسا ئەپەندىگە مۇۋاپىق مەكتەب ۋە مەدرىسە تاپالمىدى. نەتىجىدە 1896 ـ يىلى روسىيەگە قايتىپ كەلدى ھەمدە تەبىئى پەن پاكولتىتىدا ئوقۇش ئۈچۈن ئىلتىماس سۇندى. ئەمما لاتىنچە بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن مەكتەبكە قوبۇل قىلىنمىدى. ئۇ كەلگۈسىدە مېترولوگ بولۇش ئارقىلىق ماتىماتىكا بىلەن ئىجتىمائى پەنلەرنى بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلماقچى ئىدى.

روستوفقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئانىسىنى قايىل قىلىش ئارقىلىق ئىستانبولغا كەلدى. بۇ يەردە ئىنجىنېرلىقتا ئوقۇش ئۈچۈن تىزىمغا ئالدۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئىستانبولدا مالىيە ۋە ھەربىي مەكتەبلەردە رۇس تىل ۋە بوغالتىرلىق ساھەسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان مۇسا ئاق يىگىت زادەنىڭ دەسلەپ ئۆگەنگەن ئىسلام بىلىملىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىشى بىلەن بۇ يەردە ئوقۇش قارارىدىن ۋاز كەچتى ۋە مىسىرغا كەتتى.

ئەمما قاھىرىدىمۇ ئارزۇ قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشەلمىدى. مەدرىسلەرگە ئىشەنچىسى قالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزى يالغۇز ئۆگىنىش قارارىغا كەلدى ۋە باشقا ـ باشقا ئۇستازلاردىن دەرس ئالدى. بۇ جەرياندا مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ دەرسلىرىگە قاتناشتى. شەيخ بەخت ھەزرەتلىرىدىن دەرس ئالدى. باشقا تەرەپتىن

دارول كوتوبىل مىسرىيەدە بار بولغان مۇسھەپلەر ۋە قۇرئان تارىخى ھەققىدە تەتقىقاتىنى باشلىدى.

ھىجازغا باردى، مەككىدە تۈرلۈك دەرسلەرگە قاتناشتى. شەيخ سالىھتىن، نىسائىنىڭ "سۈنەن" دېگەن ھەدىس كىتابىنى ئوقۇدى. مەدىنىدە "مۇۋەتتە"نى تەتقىق قىلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن ھىندىستانغا باردى ۋە دىيۇبەند مەدرىسىسىدە ئالتە ئاي تۇرغاندىن كېيىن قايتىدىن قاھىرىگە قايتىپ كەلدى. بۇ يەردە قۇرئان تارىخى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەر ھەققىدىكى تەتقىقاتىنى "تارىخۇل قۇرئان ۋەل مەساھىپ" تېمىسىدا يېزىپ چىقتى.

مىسىردا ئۈچ يىل تۇرغاندىن كېيىن، بەيرۇتقا باردى. قولى قىسقا بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردىن دەمەشىققە پىيادە بارغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار. 11 يىللىق ساياھەتتە ئارزۇ قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشەلمەي، 1903 ـ يىلى يۇرتىغا قايتىپ كەلدى ۋە يۇرتقا قايتىپ كەلگەن باشقا كەسىپداشلىرىنىڭ مۇددەرىسلىك قىلغىنىغا ئوخشاش مۇددەرىسلىك قىلمىدى. قاھىرىدە تونۇشقان قازاننىڭ چىتاي يېزىسىدا ئىمام ۋە مۇددەرىسلىك قىلىدىغان شەيخ زاھىرنىڭ ئوغلى ئىبراھىم شەۋكەت كامالنىڭ سىڭلىسى ئەسما ئالىيە خانىمنى نىكاھىغا ئالدى. ئالتە قىز ئىككى ئوغۇل بولۇپ، جەمئى سەككىز پەرزەنتى دۇنياغا كەلدى. ئايالىنى ئانىسىنىڭ يېنىدا قويۇپ پېتربورگقا باردى. روس قانۇن فاكولتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. قازاندا مېھمان بولغان ماراكەشلىك ئەھمەد شەنقىتى (1872 ـ 1913) بىلەن تونۇشتى. ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە جاھىلىيەت دەۋرى شائىرلىرىدىن تەرەفە ئىبنى ئابدۇ (مىلادى 563 ـ يىلى) نىڭ مەشھۇر دىۋانىنى تەتقىق قىلدى.

روس ـ ياپۇن ئۇرۇشىدا روسىيەنىڭ مەغلۇپ بولۇش سەۋەبى بىلەن دۆلەتنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدە مەيدانغا كەلگەن نارازىلىق ھەرىكەتلىرى نىكولايII نىڭ يېڭىلىققا كۆچۈشكە يول ئاچتى. 1905 ـ يىلىدىكى قوزغىلاڭ مۇسۇلمانلارغا ئازراق ئەركىنلىك ئېلىپ كەلدى.

جارۇللاھ بۇ ئەركىنلىكتىن پايدىلىنىپ گېزىت چىقاردى. "ئەل ئەسرول جەدىد" ۋە "ۋاقىت" گېزىتلىرىگە ماقالە يازدى. قازى ئابدۇررەشىد ئىبراھىم بىلەن ھەمكارلىشىپ "ئۈلپەت" گېزىتىنى چىقاردى. تۈركچە "تىلمىز" گېزىتىگىمۇ ماقالە يازدى.

سىياسى ۋە ئىجتمائى پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى ۋە بۇ دەۋردە ئېچىلغان 5 چوڭ قۇرۇلتايغا قاتناشتى. 1906 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈندىن 21 ـ كۈنىگىچە نىجنى نوۋگورودتا ئېچىلغان مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيىدا كاتىپلىق قىلدى. قۇرۇلتاي قارارلىرىنى كىتاب شەكلىدە نەشىر قىلدۇرۇپ تارقاتتى. ئۇنىڭ "ئىسلاھات ئاساسلىرى" ناملىق ئەسىرى بۇ ھەقتە مۇھىم مەلۇماتلار بېرىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۈچىنچى قۇرۇلتايدا يىغىن قاتناشقۇچىلارنىڭ قارار بېرىشى بىلەن "مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى" ئىسملىك بىر سىياسى پارتىيە قۇرۇلدى. پارتىيەنىڭ 15 كىشىلىك كومىتېت ئەزالىرى ئىچىدىن مۇسا جارۇللاھمۇ بارئىدى.

1907 ـ يىلىغا كەلگەندە مۇسۇلمانلارغا بېرىلگەن ئەركىنلىكلەر قايتىدىن يوق قىلىندى. "ئۈلپەت" گېزىتى پىچەتلەندى. ئابدۇررەشىد ئىبراھىم ياپونىيىگە قېچىپ كەتتى. جارۇللاھ قازانغا قايتىپ كەلدى ۋە بۇيەردە شەرق كۇتۇبخانىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەھمەد ئىسھاقى ھەزرەتلىرى بىلەن تونۇشتى. بۇ يەردە 1917 ـ يىلىدىكى كوممۇنىست ئىنقىلابىغا قەدەر 20 گە يېقىن ئەسەر نەشىر قىلدى.

ئەبۇلئەلا ئەلمەئەررى (ھىجرى 368 ـ 333 ـ يىللار ) نىڭ "ئەل لۇزۇمىيات" ناملىق ئەسىرىدىن تاللانغان سۆز قىلىش ئەركىنلىكى ھەققىدىكى شېئىرلارنىڭ تەرجىمىسى، ئەش شاتىبى (ھىجرى 790 ـ يىلى ۋاپات بولغان) "ئەل مۇۋافىقات" ناملىق ئەسىرىنى ئىزاھلىرى بىلەن بىرلىكتە نەشىر قىلدى.

باش قازى رىزائىددىن فەخرىدىن ھەزرەتلىرىنىڭ ئارزۇسى بىلەن روسىيە مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن "مەجەللەئى ئەھكامى شەرئىيە" نىڭ ھازىرلىنىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. "قاۋائىدى فىقھىيە" ناملىق ئەسىرى بۇ مەجەللىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ سانىلىدۇ. 1910 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىسلاھ قىلىنغان مەدرىسلەردىن ھۈسەينىيە مەدرىسىسىدە ئەرەبچە ۋە دىن تارىخى دەرسلىرىنى بېرىش ئۈچۈن ئورونبورگقا تەكلىپ قىلىندى. ئەمما بۇ يەردىكى مۇدەررىسلىك ئىشى ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. ئىبنى ئەرەبىنىڭ (ھىجرى 1163 ـ 1230 ـ يىللار) رەھمەتى ئىلاھىيەنىڭ ئومۇمىيتى يەنى مۇشرىكلەرمۇ داخىل ھەرقانداق كىشىنىڭ دوزاختا مەڭگۈ قالمايدىغانلىقى ھەققىدىكى لېكسىيەلىرى ۋە رىزائىددىن ئىبنى فەخرىددىن ھەزرەتلىرىنىڭ چىقارغان "شۇر" ژورنىلىدا بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى يازغاندىن كېيىن،

مەدرىستىكى باشقا ئۇستازلار بىلەن مۇناسىۋىتى بۇزۇلدى. ئورونبورگ "جەمئىيەتى خەيرىيە" زالىدا بولارنى سۆزلىشى بىلەن خەلقنىڭمۇ نارازىلىقىغا ئۇچرىدى. مەدەرىسە مۇدىرى ۋە باشقا ئۇستازلار ئۇنىڭغا نارازىلىق ھەرىكىتىنى باشلىدى. زىددىيەتنىڭ تېخىمۇ چوڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دەرسلىرىنى يېرىم يولدا توختىتىپ ئىستىپا بەردى ۋە ئورونبورگتىن ئايرىلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماقالىلار يېزىلدى. ئۆزى "رەھمەتى ئىلاھىيە بۇرھانلىرى" ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1910 ـ يىلى لۇتپۇللا ئىسھاقى بىلەن بىللە فىنلاندىيەگە باردى. شىمالى قۇتۇپنىڭ قۇياش پاتمايدىغان شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىنىڭ ئارقىسىغا ئۇلاپلام بامدات نامىزى ئوقۇلىدىغان بۇ ئۇزۇن كۈنلىرىنى روزا تۇتۇش ئارقىلىق رامىزاننىڭ مۇشەققەتلىرى ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر، مۇستەھكەم چۈشەنچىلەرگە ئېرىشمەك ۋە شىمالى قۇتۇپنىڭ بۇ قۇياش پاتمايدىغان مەنزىرىسىنى كۆرمەك ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. 1913 ـ يىلى پېتىر بورگتا ئامانەت باسمىخانىسىنى قۇردى. ئاياز ئىسھاقى بىلەن بىرلىكتە "ئىل" گېزىتىنى چىقاردى. 1913 ـ يىلى 6 ـ ئايدا چاقىرىلغان روسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ 3 ـ قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. بۇ قۇرۇلتايغا روسىيەنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىن كەلگەن تۈرك زىيالىلاردىن سەبرى مەقسۇدى، رىزائىددىن فەخرىددىن، ئەلى مەردانلارمۇ قېتىلدى.

ئالىمجان ئىدرىسى مۇسا جارۇللاھنىڭ روس ئىلمى جەمئىيىتىگە ئەزا بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. كۈننىڭ تۇتۇلۇش ئەھۋالىنى تېخىمۇ يېقىندىن كۆزىتىش ئۈچۈن ساھايەت تەشكىللەيدۇ. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى كۈننىڭ تۇتۇلۇشىنى تېخىمۇ مۇۋاپىق بىر يەردە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن بۇ ھەققتە يېزىلغان نۇرغۇن ئەسەرلەرنى كۆتۈرۈپ "بىرەست لىتۋىسكى" شەھىرىگە يولغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل بىنورمال ھالىتى رۇس ژاندارمىلىرىنىڭ گۇمانىنى قوزغايدۇ ۋە گۇمان بىلەن قولغا ئېلىنىپ تۆت ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىلىدۇ. نەتىجىدە كۈننىڭ تۇتۇلۇشى ھەققىدىكى تەتقىقاتى ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

1917 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئېچىلغان 5 ـ قۇرۇلتايغا قاتنىشىدۇ. بۇ قۇرۇلتايدا "ئىسلامدىكى ئاياللارنىڭ ھەقلىرى" توغرىسىدا سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى قۇرۇلتاي قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ئېتىرازىغا ئۇچرايدۇ. بۇ قۇرۇلتايدا

قۇرۇلتاي دائىمى ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلانغان 12 كىشىنىڭ ئىچىدىن بىرى بولۇپ سايلىنىدۇ. بۇنىدىن باشقا 10 كىشىدىن تەركىب تاپقان مىللى ئىتتىپاقتا سايلانغانغا ئوخشاش قازىلىقتا ۋەكىل كۆرسىتىلگەن 5 ئەزانىڭ ئىچىدىمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئالىمجان ئەل بارۇدى كۆپ سانلىق سايلىغۇچىلارنىڭ قوللىشى بىلەن قازى بولغان ئىدى.

دەسلەپكى زامانلاردا 1917 ـ يىلدىكى كوممۇنىست ئىنقىلابىنى خەلقنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. 1915 ـ يىلى نەشر قىلالمىغان "ئىسلاھات ئاساسلىرى" كىتابىنى نەشر قىلدۇرىدۇ. كىتابىغا يېڭىدىن كىرىش سۆز يېزىپ " زۇلۇم تۈگىدى، مەڭگۈ كەلمەسكە كەتتى" دەيدۇ. ئەمما ئەھۋال ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ. نۇرغۇنلىغان بىلىم ئىگىلىرى چەتئەللەرگە قېچىپ كېتىدۇ. ئۇ ۋەتەنىدە قېلىپ كۈرەش قىلىشقا قارار بېرىدۇ.

1918 ـ يىلى پېتىربورگتا "ئەل مۇنبەر" ئىسىملىك بىر ژۇرنال چىقىرىدۇ. ئىچكى ئۇرۇشنىڭ كۈچەيگەن ۋە ئۇنىدىن كېيىنكى ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە بۇ شەھەردە تۇرىدۇ. بىر قانچە قېتىم موسكۋاغا بېرىپ كېلىدۇ. ھىندىستان ئالىملىرىدىن مەۋلانا بەرىكەتۇللاھنى ئۆز ئۆيىدە 6 ئاي مېھمان قىلغان ئىدى. ئەنگىلىيەلىكلەرنىڭ سۈرگۈن قىلىشى بىلەن موسكۋاغا كەلگەن ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىدىن مەۋلانا ئۇبەيدۇللاھ، ئەبۇ سەئىد ئەل ئەرەبى، مەۋلانا ئابدۇراب، ئابدۇجاپپار، راجا پورتابالار بىلەن كۆرۈشكەن.

1920 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە ئۇفا شەھىرىدە ئېچىلغان نەچچە مىڭ كىشى قاتناشقان بىر قۇرۇلتايغا قاتناشتى. بۇ يەردە زىيائۇددىن كامالى ۋە قىرىم قازىسى ئىبراھىم ھەزرەتلىرىنىڭ نۇتۇقلىرىدىن كېيىن روسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ خەلىپىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى رەسمى ئېلان قىلدى.

1922 ـ يىلى مىسىردا نەشر قىلىنغان "تۈركىيە پارلامېنتىغا مۇراجىئەت" ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلدى ۋە پارلامېنتنىڭ ئىسلامى ھالىتىنى ساقلاشقا تىرىشتى. 1921 ـ يىلى تۈركىستانغا كەلگەن تۈركىيە پارلامېنت ئەزاسى ئىسمائىل سۇبھى ئەپەندىگە بۇ ماقالىنى بېرىش ئارقىلىق بۇنى مۇستاپا كامالغا تەقدىم قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ئەمما بۇ ماقالە مۇستاپا كامالنىڭ ئانچە دىققىتىنى تارتمىغان.

236 ماددىلىق ئاساسى قانۇن رولىغا ئىگە بولغان ئىسلامىيەتنىڭ ئېلىپبەسىنى يېزىپ چىققان. بۇنىڭ ئالدىنقى 68 ماددىسى روسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئېھتىياجىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قالغان 168 ماددىسى بولسا پۈتۈن مۇسۇلمانلار ۋە ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك "خەلىپىلىك"، "كىشىلىك ھوقۇق"، "ئۆرۈش قانۇنى" شەرتنامىلەر، ئاياللارنىڭ ھوقۇقى قاتارلىق تېمىلاردا يېزىلغان ئىدى. بۇ ئەسەرنى نەشر قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇفاغا يىغىلغان ئۆلىمالار يىغىلىشىدا ئىككى كۈن ئوقۇدى ۋە ئۆلىمالارنىڭ پىكرىنى ئالدى. بۇ ئەسەردىكى ماددىلار ئۇفا قۇرۇلتىيىدىن كېيىنكى نۇرغۇن قۇرۇلتايلاردا ئوقۇلدى ۋە كۆپەيتىلگەن نۇسخىلىرى تۈركىستان، كاشغەر، ئافغانىستان ۋە تۈركىيە مەتبۇئاتلىرىغا ئەۋەتىلدى.

ئۇ بۇ ئەسەرلىرىدىكى ئاساسلىق چۈشەنچىلەرنى، بىر تۈركۈم كوممۇنىست رەھبەرلىرى بىلەن ئۆلىمگە ھۆكۈم قىلىنغان بۇخارىنىنىڭ "كوممۇنىزمنىڭ ئېلىپبەسى" ناملىق ئەسىرىدىن ئالدۇ. بۇ ئەسەرنى روسىيەدە نەشر قىلدۇرالمايدۇ.

1923 ـ يىلى 236 ـ ماددىنىڭ ئالدىغا ئۆزۈن بىر مۇقەددىمە يېزىش ئارقىلىق فىنلاندىيەدە ياشايدىغان قازان تۈركلىرىنىڭ ئىمامى ۋەلى ئەھمەد ھاكىم ھەزرەتلىرىنىڭ باستۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئەسەر يازغۇچىنىڭ تەلۋى بۇيىچە "دىنى، ئەدەبى، ئىجتىمائى، سىياسى مەسىلىلەر، تەدبىرلەر ھەققىدە ئىسلام مىللەتلىرىگە" ناملىق ئىسىم بىلەن بېرلىندا نەشر قىلىندى. بېرلىندا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بولغان سىياسى مولتەجى ئاياز ئىسھاقى ئەسەرنى مۇلاھىزە قىلىپ بەزى پىكىرلەرنى بەرگەن ئىدى. جارۇللاھ بۇ سەۋەبتىن پېتىربورگتىن موسكۋاغا كەلتۈرۈلۈپ نۇرغۇن مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە قولغا ئېلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ قەلەم ھەققى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى مۇسۇلمان شېھىتلەرنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئاتالغان بولۇپ، بۇ ئەسەر چاناققەلئە قەھرىمانلىرىغا بېغىشلانغان ئىدى.

قولغا ئېلىنىش ھەققىدە بۇيرۇق چىقىرىلىدۇ. شەھەرنىڭ بازارلىرىنى كونترول قىلغان پېتىربورگ تۈركلىرى ئۇنى قوللايدۇ. روس ۋە تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ ئەركىنلىكى، ئىسلامنىڭ تەجدىدى ئۈچۈن كۈرەشلەرنى داۋام قىلدۇرىدۇ. لېنىن بىلەن كېرىمل سارىيىدا ئۆزۈن مۇنازىرە قىلىدۇ. لېنىننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن

ئۆنىڭغا بولغان نازارەت تېخىمۇ كۈچەيتىلىدۇ.

فىنلاندىيەدىكى مۇسۇلمانلار تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشقى ئىشلار ۋەكىلى ئىسمەت ئىنۆنۈگە تېلېگراپ ئەۋەتىپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بۇ ھەقتە كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. بۇ تېلېگراپ تېكىستى ئىستانبولدا "ۋاقىت"، "جۇمھۇرىيەت"، ئەنقەرەدە "مىللىيەت" ۋە "يېڭى كۈن" گېزىتلىرىگە بېسىلىدۇ.

تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۈچ يىل موسكۋادا نازارەتتە تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پىراۋدا گېزىتىگە بەرگەن بىر باياناتىنىڭ مەزمۇنى ئىستانبولغا قەدەر كېلىدۇ. بۇ باياناتىدا خەلىپىلىكنىڭ يوق بولۇشىغا سۆيۈنۈپ كوممۇنىزمنى مەدھىيىلەيدۇ. ئەمما بۇ پەقەت مەجبۇرى يېزىلغان بايانات ئىدى.

1925 ـ يىلى 10 ـ ۋە 11 ـ ئايلاردا قىرىمغا كېلىپ خەلق ۋە ئۇستازلار بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارىدۇ. ئاق مەسجىدتە چىققان "ئەسرى مۇسۇلمانلىق" ژۇرنىلىدا ماقالە يازىدۇ. "مۇسكرات مەسىلىسى" (مەس قىلغۇچى ئىچىملىك مەسىلىسى) ناملىق كىتاب بۇ يەردە تەييارلانغان. 1926 ـ يىلى ئۇفا دىنى تەشكىلاتى مەككىدە ئېچىلغان دۇنيا مۇسۇلمانلىرى قۇرۇلتىيىغا تەكلىپ قىلىنىدۇ. مۇسا جارۇللاھ يەتتە كىشىلىك بىر ھەيئەت بىلەن مەككىگە بېرىپ، كاشغەر مۇسۇلمانلىرىلىغا ۋاكالىتەن قۇرۇلتايغا قاتنىشىدۇ. بۇ قۇرۇلتايدىن كېيىن "مەككە قۇرۇلتىيى ۋە قۇرۇلتايدا مۇزاكىرە قىلىنغان مەسىلىلەر" دېگەن رىسالىنى نەشر قىلدۇرىدۇ. قايتىشىدا ھەيئەتلەردىن ئايرىلىپ ئىستانبولغا كېلىدۇ. بۇ يەردىن ئەنقەرەگە كېلىپ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تەۋفىق رۈشتى بىلەن كۆرۈشىدۇ. پارلامېنتنىڭ مۇزاكىرىلىرىنى ئاڭلايدۇ. مۇخبىرلار بىلەن بولغان سۆھبەتتە قاھىرەدە ئېچىلىدىغان خەلىپىلىك قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ.

قاھىرىگە بارىدۇ. 1927 ـ يىلى ھەج ئۈچۈن روسلاردىن رۇخسەت ئالىدۇ. قايتىدىن ئىستانبولغا كېلىدۇ. "موسكرات" ناملىق كىتابىنى بۇ يەردە نەشر قىلدۇرىدۇ. "ئەل ۋەشىئە" ناملىق ئەسرىدە ئىستانبولدىن قۇددۇسقا بېرىش ئارقىلىق 2 ـ قېتىملىق خەلىپىلىك قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ.

1930 ـ يىلى 10 ـ ئايلاردا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى تاشلاپ تۈركىستاننىڭ روسىيە چېگرىسىغا يېقىن شەھەرلىرىدىن سىمخانىدىن ئوغۇرلۇقچە ئۆتىدۇ. ئۇ يەردىن بىر سودىگەرنىڭ تۆگە كارۋىنىغا قوشۇلۇپ

كاشغەرگە باردۇ. مەقستى بۇيەردىكى مەدرىسلەردە خىزمەت قىلىش ئارقىلىق بۇيەردە قىپ قالماق ئىدى. ئەمما ختاي ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا رۇخسەت قىلمايدۇ. 3 ئاي داۋام قىلغان ئاتلىق سەپەردىن كېيىن كىچىك پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ ئافغانىستانغا باردۇ.

موسكۋا ئىمامى ئابدۇللا سۇلايمانى ۋە باشقا نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ قېچىشىغا ياردەم قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن قولغا ئېلىنىدۇ. قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن ئائىلىسىگە بېسىم ئىشلىتىدۇ.

ئافغان شاھى نادىر ئۇنى ياخشى قارشى ئالىدۇ. بۇيەردە 30 كۈن تۇرغاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ياردىمىدە ئالغان بىر پاسفورت بىلەن ھىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىگە بېرىپ، كونا دوسلىرىنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ.

1931 ـ يىلى مىسىرغا باردۇ. "تۈركىيە پارلامىنتىغا مۇراجەت" ناملىق ئەسىرىنى باستۇردۇ. 1932 ـ يىلى فىنلاندىيەگە كېلىشىدە تۈركىيەدىن ئۆتىدۇ ۋە ئەنقەرەدە ئېچىلغان 1 ـ تۈرك تارىخ قۇرۇلتىيىغا سىرتتىن قاتنىشىدۇ. ئافەت ئىنان، يۇسۇپ ھېكمەت بايۇرلارنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغانلىقىنى "خاتۇن" ناملىق ئەسىرىدە يازىدۇ.

فىنلاندىيىدە بىر ئاي تۇرغاندىن كېيىن بېرلىنگە باردۇ. 1933 ـ يىلى بېرلىندا ياۋروپادىكى ئىسلام مۇنەۋۋەرلىرىنى توپلاپ يېڭى بىر ھەرىكەت باشلىتىش ئۈچۈن باسمىخانا قۇرىدۇ. بۇ يەردە باسقان "خاتۇن" ناملىق ئەسەرىنىڭ ئىچى ۋە سىرىت مۇقاۋىلىرىغا باسقان ئېلانلىرىدا "بۇ مەدەنىيەت دۇنياسىنىڭ مەركىزىدە ئىلمىي ۋە دىنىي بىر مەركەز. ئەگەر بۈيۈك ئىنقىلاب دولقۇنلىرىدا پىكىر ۋە قەلەملىرى بوش قالغان، تىللىرى تۇتۇلغان ئىجتىھاد ئەھلى ئارزۇ قىلسا مۇھىم ۋە پايدىلىق ئەسەرلەرنى نەشر قىلىمىز" دەپ يازىدۇ ۋە 20 گە يېقىن كىتاب نەشر قىلدۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ئەمما مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن بۇنىڭغا ماددى جەھەتتە كۈچىنىڭ يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

1933 ـ يىلى قايتىدىن فىنلاندىيەگە بېرىپ ئىران ۋە ئىراققا قىلىدىغان ساھايىتى ئۈچۈن ئىران ئەلچىخانىسىغا ئىلتىماس سۇنىدۇ. ئىستانبول يولى بىلەن ئاۋۋال ئىرانغا باردۇ. ئىراندا خەلق سۆھبەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. مەكتەبلەرنى زىيارەت قىلىدۇ. مەدرىسە تالىپلىرى ۋە موللىلار بىلەن كۆرۈشىدۇ.

مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن شىئە، ھەدىس ۋە فىقھى كىتابلار ھەققىدە ئەستايىدىل تەتقىقاتلار يۈرگۈزىدۇ. بۇ جەرياندا ئىرانغا زىيارەت ئۈچۈن كەلگەن موھسىن ئىمىن ھۈسەيىن ئەل ئاملى (1867 ـ 1952) بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە بۇزاتقا ئۆزىنىڭ تەتقىقاتى نەتىسجىدە ھازىرلىغان شىئەلەرنىڭ فىقھى ۋە ئەقىدىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك 20 گە يېقىن سوئال سورايدۇ. ئىراننىڭ مەشھەد، تىبرىز ۋە تېھران شەھەرلىرىنى زىيارەت قىلىپ نۇرغۇنلىغان شىئە ئۆلىمالىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن باغداتقا بارىدۇ ۋە نەجەفتە 26 كۈن تۇرىدۇ.

باغدادتىن بىر دوستىغا يازغان خېتىدە شۇنداق دەيدۇ. "ئىمامى ئەزەمنىڭ مۇبارەك قەۋرىسى بىلەن ياتىقىمنىڭ ئارىسى 5 ـ 6 مېتىر كېلىدۇ. مەن ھەنەپى مەزھىبىدە، ئەبۇ ھەنىفە ھەزرەتلىرىنىڭ قەۋرىسىدە بىر مەزگىل تۇرۇشنى ئارزۇ قىلدىم. ياتىقىمدا ئىككى ھەپتىدىن جىقراق ئېتىكاپتا ئولتۇردۇم ۋە بۇ جەرياندا ناھايىتى مۇھىم بولغان بىر قىسىم كىتابلارنى ئوقۇدۇم. بۇلاردىن بىرى 15 جىلدلىق ھەر جىلدى 350 ۋاراق بولغان "باغدات تارىخى"، يەنە بىرسى بولسا 30 جىلدلىق "ئەل مەبسۇت" ناملىق كىتابتۇر. ھەممىنى دىققەت بىلەن ئوقۇپ پايدىلاندىم."

ئاخشاملىرى باغدات ئالىملىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. ئىراندىكى ۋاقتىدا ئالىملاردىن سورىغان سوئاللارنى بۇلاردىنمۇ سورايدۇ. سوئاللىرى قولدىن قولغا ئۆتۈپ جاۋابلار يېزىلىشقا باشلايدۇ. بۇ جاۋابلاردىن ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئابدۇل ھۈسەيىن شەرەفىددىن ئەل ئاملىنىڭ يازغان "ئەلجىبەتۇ مۇسا جارۇللاھ" ئىسىملىك 150 بەتلىك ئەسىرىدۇر.

ئىران ـ ئىراق سەھايىتى بىر يىلدىن كۆپرەك داۋام قىلىدۇ. چۈشەنچىلىرى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىدۇ. مۇددەرىسلىك تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ۋىزا ئالالمىغانلىقى ئۈچۈن دەمەشق چېگرىسىدىن ئارقىغا قايتىپ قايتىدىن باغداتقا كېلىدۇ ۋە پەلەستىن يولى بىلەن كېتىش ئۈچۈن ئەنگىلىيە ئەلچىخانىسىغا ئىلتىماس قىلىدۇ. ئەلچىخانىنىڭ كاپالىتى ئۈچۈن تەلەپ قىلغان 60 ئالتۇننى بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ۋىزا ئالالمايدۇ. نۇسەيبىن بېكىتىگىچە كېلىپ، ئىككىنچى قېتىم سۈرىيەگە كىرىشكە تىرىشىدۇ. ئەمما يەنە رەت قىلىنىدۇ. ئاخىرىدا موسۇللۇق ئۆلىمالارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان بىر پىلانى بىلەن تۈركىيەگە

كېلىدۇ. لېكىن چېگرىدا قولغا ئېلىنىپ جىزرە ساقچىخانىسىدا نازارەت ئاستىغا ئېلىنىدۇ. 3 كۈندىن كېيىن ماردىنغا كەلتۈرۈلۈپ سوراق قىلىنىدۇ. ماردىن ۋالىيسى ئۇنىڭ نام ـ ئاتىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ياخشى كۈتىۋالىدۇ. ماردىندىن ئاداناغا ۋە ئۇ يەردىن ئىستانبۇلغا كېلىدۇ.

1935 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا بەزى يېرىم قالغان تەتقىقاتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن قاھىرەگە كېلىدۇ. ئىران ۋە ئىراقتا يۈرگۈزگەن تەتقىقاتلىرىنىڭ مىۋىسى بولغان "ئەل ۋەشىئە فى نەقدى ئاقائىدىششىئە" ناملىق ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرىدۇ. بۇ ئەسەرنى ئىران، ئىراق ۋە مىسىردا تارقىتىدۇ.

ئىسلامدىكى ۋاقىت ۋە كالېندارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرىدۇ. ("نىزامۇتتەقۋىم فىل ئىسلام"، "نىزامۇننەسى ئىندەلئەرەب" ۋە "ئەييامۇ ھاياتۇننەبى.")

قاھىرىدە ئەھمەت ئىمىن، مۇستاپا مەراغى، ئەلى ئابدۇررازىق، مەنسۇر فەھمى، ئابدۇل ۋەھھاب ئاززام قاتارلىق مەشھۇر كىشلەر بىلەن دوست بولىدۇ.

1937 ـ يىلى ھىندىستانغا كېلىدۇ. بومبايدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن بەنارىسقا بارىدۇ. بۇ يەردە سانسكرىت يېزىقى ئۆگىنىش ئارقىلىق مۇھاباراھا بىلەت تۆت ۋېدانى ئەسلى نۇسخىسىدىن تەتقىق قىلىدۇ. بىر خېتىدە شۇنداق يازىدۇ. "مەن بانارىستە ھىندى بىراھمانلىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئالىملىرىنىڭ قېشىدا ئاددى بىر تالىپ سۈپىتى بىلەن ئەڭ كونا ۋېدالىرىنى، ھىندى ئەۋلىيالىرىنىڭ ئۇلۇغ كىتابلىرىنى، ھىندى پەيلاسوپلىرىنىڭ پەلسەپەلىرىنى، ھېكمەتلىرىنى ئاز بولسىمۇ ئۆگىنىشكە تىرىشىۋاتىمەن."

1938 ـ يىلى ياپونىيەگە قېچىپ كەتكەن دوستى قازى ئابدۇررەشىد ئىبراھىمدىن تەكلىپنامە تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ياپونىيەدە ئۇنىڭ بىلەن ئىسلامنى تەبلىغ قىلىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. جوڭگو، جاۋا ۋە سوماتراغا تەشكىللەنگەن بىر تەبلىغ ھەيئىتىگە ئەزا بولىدۇ. 1939 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلىنىدۇ.

ھىندىستانغا قايتىپ كېلىدۇ. كابۇلدا قېلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمما پىشاۋۇردا ئەنگلىيەلىكلەر تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ ئىككى يىل زور قىينىچىلىقلار بىلەن تۈرمىدە ياتىدۇ. بئوفال ھۆكۈمرانى مۇھەممەد ھەمىدۇللاھنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن تۈرمىدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، 1935 ـ يىلىغا قەدەر بۇ يەردە

نازارەت ئاستىدا تۇرىدۇ. بۇ يەردە ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى داۋام قىلىدۇرىدۇ. ئەرەبچە 8 پارچە ئەسەر يازىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ قەلەم ھەققىنى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى بولۇشىغا قارىماي بومبايدا مۇساپىر بالىلار ئۈچۈن قۇرۇلغان مەدرىسكە تەقدىم قىلىدۇ.

1936 ـ يىلى يېڭى دېھلىغا كېلىدۇ. ئۇ يەردىن بومبايغا كېلىدۇ. ئەھۋالى خاراپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئىككى ئاي دوختۇرخاندا ياتىدۇ ۋە ئوپېراتسىيە بولىدۇ.

1937 ـ يىلى قاھىرىنىڭ ماڭارىپ ۋەكىلى ئەلى ئابدۇررازىق پاشاغا يوللىغان تېلېگراممىسىدا ئەھۋالىنىڭ ناھايىتى ناچار ئىكەنلىكىنى، قاھىرىگە كېلىش ئۈچۈن ياردەم قىلىشنى سورايدۇ ۋە قاھىرىگە كېلىدۇ. ئائىلى بىلەن بىرلىندا تېلېفۇندا كۆرۈشكەندىن باشقا ئالاقە قىلالمايدۇ. قاھىرىدە يۈسۈپ ئۇرالگىرايغا "ئوغلۇم كۆرۈپ تۇرۇپسەن مەن ئەمدى قېرىدىم، ئىچىمدە ھېچ توختىمىغان بىر تۇيغۇ بار، ئائىلەمنى ۋە بالىلىرىمنى تاشلىۋەتتىم. ئۇ بىچارىلارغا ئېغىر زۇلۇم قىلدىم، بەك قېرىدىم، ئەگەر كوممۇنىستلار مېنى ئۆلتۈرىدىغان بولسا ئۆلتۈرسۇن. ئەمما مەن روسىيەگە چوقۇم كېتىمەن" دەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا فاسفورتنى بىرىپ روس ۋىزىسى ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىستانبولغا كېلىدۇ. ئايرۇپىلان ئىنجىنېرى بولغان ئوغلى ئەھمەدنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانىيەگە تەسلىم بولغانلىقىنى ئاڭلايدۇ. يۈسۈپ ئۇرالگىراي ئەھمەدنىڭ ئادرىسىنى تېپىپ، ئۇلارنىڭ خەت ـ ئالاقە قىلىشىغا ياردەم قىلىدۇ. ئىقتىسادى قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن ئوغلى دادىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن ئىلگىرى كېلىپ ئۇنى يوقلىيالمايدۇ.

1937 ـ يىلى ياز ئاخىرىدا ئاقسۇ ئىسىملىك تۈرك پاراخوتى بىلەن ئىستانبولغا يولغا چىقىدۇ. يولدا پاراخوتنىڭ پالابوسىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ قولى ۋە پۇتى سۇنۇپ كېتىدۇ. گالاتا پورتىدىن ئۇدۇل غۇرەبا دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ.

دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن ئەنقەرەگە كېلىدۇ. بۇ يەردە 10 كۈن ئەتراپىدا قازانلىق تونۇشلىرىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ئىستانبولغا قايتىپ كېلىدۇ. قىشقىچە ئىستانبولدا تۇرىدۇ. ئەھۋالى ناچار بولغانلىقى ئۈچۈن روسىيەگە كېتىش پىكرىدىن ۋاز كېچىدۇ ۋە قاھىرىگە قايتىپ كېلىدۇ.

ئالى ئابدۇررازىق پاشانىڭ ۋاستىسى بىلەن كالاۋۇم دوختۇرخانىسىدا ياتقۇزىلىدۇ. ۋە ھەر ئايدا 6 جۇنەي ئايلىق بېرىلىدۇ. بۇ يەردە ئىككى قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىنىدۇ. يۈرىكى ئاجىزلىشىدۇ. قازى ئابدۇررشىد ئىبراھىمنىڭ قىزى فەۋزىيە خانىم ۋە ئالىمجان ئىدرىس ئۇنىڭغا قارايدۇ. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ھىندىۋى تەۋفىقنىڭ قىزى خەدىچە خانىمغا يەتكۈزىدۇ. بۇندىن ئىلگىرى مۇھەممەد ئاكىف ئەرسويغا ياردەم قىلغان بۇ خانىم ئانىسىنىڭ كونا مىسرغا قۇرغان ئىگە ـ چاقىسىز ياشانغانلارنى بېقىش يېرىدە مەخسۇس دوختۇر ۋە سېستىراسى بولغان بىر ئۆي تەييارلاپ بېرىدۇ. 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۆيەردە ۋاپات بولىدۇ. 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈندىكى "ئەل ئېھرام" گېزىتىنىڭ خەۋەرگە قارىغاندا نامىزى سەييىدى نەفسە مەسجىدىدە ئوقۇلۇپ، ئەففىدىكى ھىدۋىيە جەمەتىنىڭ پادىشاھلىق مازارلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ.